# پايخان بولغان ئەقىدە

## (پوۋېست)

ئانىگۈل ئەخەت

نازىپەرى

1 ـ قىسىم

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

# پايخان بولغان ئەقىدە

قىش ئاپتىپىنىڭ ئاجىز نۇرلىرى گۈللۈك يىپەك پەردىدىن ئۆتۈپ ئۆي ئىچىنى يورۇتقاندا، يەردە چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە ياتقان نائىلە ئاستا كۆزىنى ئاچتى. سول كۆزى تۇخۇمدەك ئىششىپ پۈلتىيىپ چىققان بولۇپ، كۆزى ئېچىلماي قالغانىدى. ئۇ ئورۇق، ئاجىز قوللىرىغا تايىنىپ مىڭ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئاخشامقى ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ چىقتى.

نائىلە ئىشتىن قايتىپ كىلىپلا پەرتۇقنى تارتىپ تاماق ئېتىشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئەتتىگەندىن كەچكىچە سىرتتا پالاقلاپ يۈرۈپ تېلفۇنىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى بىلمەيلا قالغانىدى. زېرە - قارىمۇچى، تۇزى تىتىپ شۇنداق ئوخشىغان گۆشنانغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان نائىلە سائەتنىڭ ئاللىقاچان **8** دىن ئىشىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالغانىدى. ئەتتىگەندە شىركەتكە بىرىپ يوقلىمىدىن ئۆتۈش، ئاندىن يېزىلارغا چىقىپ شىركەتنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىش، كىشىلەرگە ئېغىزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈچە سۆزلەش ئۇنى ھارغۇزۇپ قويغانىدى. ئۇ تېلفۇنىنى ئېلىپ يولدىشىغا تېلفۇن ئۇرماقچى **بولغان**دىلا، تېلفۇنىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى بىلدى. «ئاخشام جۇرئەت ئويناپ ئولتۇراتتى، ئۇچۇر يوللىغان بولسا توختاپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. نائىلەنىڭ يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يىگۈسى كەلمەي داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كىرىسلوغا يانپاشلىدى، دە - تىزلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ يىقىملىق ئاۋازىدىن تىزلا ئويغانغان نائىلە ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. جۇرئەتنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ ئەتتىر پۇراپ تۇراتتى. تېخى يىقىندىلا سېتىۋالغان قاما ياقىلىق كالتە چاپىنىنىڭ مۇرىسىدە ئۇزۇن، قىپقىزىل بويالغان بىر تال چاچ زەھەرلىك يىلاندەك تولغىنىپ تۇراتتى. نائىلە لىۋىنى چىڭ چىشلەپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن گۆشناننى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. تاماق خېلى ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەچكە سوۋۇپ كەتكەنىدى. جۇرئەتنىڭ بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى.

- ھەي پاسكىنا، كىمگىنى ئەخمەق قىلدىسەن؟ ماڭا مۇشۇنداق سوۋۇپ، قېتىپ كەتكەن تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، مېنى بىزار قىلماقچىمۇ؟ مانا ئەمىسە.....

جۇرئەت نائىلەنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرىغا، ئىچىنىشلىق ئاھۇ - زارىغا پەرۋامۇ قىلماستىن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى. نائىلە يىغلايتتى، چىرقىرايتتى، يالۋۇراتتى..... ئاخىرى ئۇنىڭ ئاۋازى چىقماي قالدى... جۇرئەت چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن، ھوشىدىن كەتكەن ئايالىغا قاراپ قويۇپ «مېنى ئەخمەق قىلغىنىڭنىڭ جاجىسى مۇشۇ شۇ» دىگىنىچە ئىشىكنى يىپىپ چىقىپ كەتتى....

نائىلە ئېغىر خىيالدىن ئويغانغان ۋاقىتتا كۆپ چۈش بولۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ تاماققا رايىمۇ يوق ئىدى. «« ياخشىمۇ بۇگۈن دەم ئاپتىكەنمەن. بولمىسا بۇ ھالىم بىلەن ئىشقا قانداقمۇ بارار ئىدىم ؟ »» ئۇ ئاستا ئۆ شىكتىن چىقتى. ئالدىنقى كۈنى سوپۇن پارا شۆكى بولمىغاچقا كىر يۇيالمىغان ئىدى. پەلەمپەيدىن ئاۋايلاپ ئا ستا چۈ شتى. قورو دەرۋازى سىنىڭ يىنىدىلا كىچىككىنە بىر دۇكان بار ئىدى. ئۇ دۇكاندا كۈندىلىك تۇرمۇش بويۇملىرىدىن تارتىپ، ئاشخانا سايمانلىرىغىچە بار ئىدى. يەنە تېخى ھەرخىل تېلفۇنلارغا ھەق تاپشۇرغىلى بولاتتى. نائىلە كىرىپ ئىككى خالتا سوپۇن پاراشۆكى ئالدى. تېلفۇنغا ھەق تاپشۇرماقچى **بولغان**ىدى. دۇكانچى قىز رەئىسە ئۇنىڭغا:

- پۇل قاچىلايدىغان ئاپاراتىمدا پۇل يوق ئىدى.

دىدى ئۆزرە ئېيتقاندەك تەلەپپۇزدا. نائىلەنىڭ كۆزى ئاممۇۋى تېلفۇنغا چۈشتى بىلەن قاپقارا كۆزلىرى خۇشاللىقتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ ياقا يۇرتتىكى ھەدىسىگە تېلفۇن قىلدى. ئىچ-ئىچىدىن قايناپ چىققان يىغىنى ئاجايىپ زور كۈچ بىلەن بىسىپ تۇرۇپ، ھەدىسى بىلەن يالغاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ پاراڭلاشتى. ئەمدىلا بىر ياشقا كىرگەن ئارماننى ھەدىسى «« سىز خىزمەتكە كەتسىڭىز قاراپ بولالمايسىز، باشقىلارغا باقتۇرغاندىن مەنلا بىقىپ بىرەي »» دەپ ئېلىپ كەتكەندى. ھەدىسى ئارماننىڭ تەمتىلەپ ماڭغانلىقىنى، تامنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرالايدىغان **بولغان**لىقىنى، ئارىلاپ چۈچۈك تىللىرى بىلەن«« ئانىنانانا، دادىدادا »» دەپ ئۈلارنى خوش قىلىدىغانلىقىنى زوق-شوخ بىلەن سۆزلەپ كەتتى. دەل شۇ ۋاقىتتا قاياقتىندۇر پەيدا **بولغان** جۇرئەت دۇكان ئىشكىدىن كىرگەن پىتى نائىلەنىڭ كاچىتىغا بىرنى ئۇردى. تېلفۇن تۇرۇپكىسى ئۇنىڭ قولىدىن يەرگە سىرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. جۇرئەت ئېغىزغا ئالغۇ سىز سەت تىللار بىلەن نائىلەنى تىللىغاچ كاچىتىغا يەنە بىرنى ئۇردى. نائىلە يەرگە يىقىلدى. رەئىسە دەققە ئارىلىقدا يۈز بەرگەن بۇ ئىشلاردىن ھەيران بولىۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ دەرھال كىلىپ نائىلەنى يۆلەشتۈردى.

- نائىلە ھەدە، ئورنىڭىزدىن تۇرىڭە....

- يۆلىمەڭ. تېلفۇن ھەققى قانچە پۇل بوپتۇ؟ بولدى يۆلىمەڭ دىدىم. ئۇنى ئۆيگە ئىلىپ كىرىپ كىتىمەن....

- نىمانداق قىلىسىز؟ ئايالىڭىز ئايلىنىپ كەتتى...

رەئىسە جۇرئەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي نائىلەنى ئەكىلىپ بىر چەتتە قويۇلغان سافاغا ئولتۇرغۇزدى. نائىلەنىڭ كۆز قارىچۇقلىرى تارتىشىپ قالغان، پۇت-قوللىرى جانسىز ئىدى. رەئىسە نائىلەنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلىدى.

- نىماندااق باغرىڭىز تاش سىزنىڭ؟ ئايالىڭىزنى ئۆلتۈرۈپ قويماقچىمۇ؟ ھەرقانچە گۇناھى بولسىمۇ، چىرايلىقچە ھەل قىلسىڭىز بولمامدۇ؟

رەئىسەنىڭ يۆپيۆملاق يۈزىدىن ئۈنچىدەك يا شالار يەرگە تامچىلا شقا با شلىدى. ئەمما جۇرئەتنىڭ ئاچچىقى ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى.

– ئىشتىن ھېرىپ-ئېچىپ كەلسەم ماڭا سوۋۇپ قېتىپ كەتكەن تاماقلارنى ئىلىپ چىقدۇ. تېخى مىنىڭ ئىشلىرىمنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپتۇ. كىم ئىدى بۇ ئۈنچە قىلغۇدەك!

جۇرئەت رەئىسەنىڭ دىققەت قىلمىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ نائىلەنىڭ مەيدىسىگە يەنە بىر نەچچىنى تېپىۋەتتى. رەئىسە جۇرئەتنى كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. ئۈنىڭ بۇ قىزغا ھەقىقەتەن ئىچى ئاغرىپ كەتكەنىدى. «ئەر كىشى دىگەن مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا ......» رەئىسە خيالىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. جۇرئەت نائىلەنى سۆرەپ سافادىن يەرگە يىقىتىپ ئۈدۈل كەلگەن يېرىگە تېپىۋاتاتتى. رەئىسە بىرلا چىرقىرىغىنىچە جۇرئەتنى ئىشىك سىرتىغا چىقىرىۋەتتى. نائىلەنى يۆلەپ ئاران تەسلىكتە ئولتۇرغۇزدى. نائىلە جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ھۇشىنى بىلمەي ياتاتتى. رەئىسەنىڭ يۈرىكى موجۇلدى. نەپسى قىسلدى. كۈچى يەتسە جۇرئەتنى نېمىلەرنى قىلىۋەتسىمۇ دەردى چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. لىكىن رەئىسە ئۈنداق قىلالمايتتى. ئۇ نائىلەنىڭ چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. پىشانىسىدىن ئىقىۋاتقان قىپقىزىل قاننى قەغەز بىلەن سۈرتتى. سوۋۇتۇلغان قايناقسۇ ئەكىلىپ ئۈنىڭغا ئىچۈردى. ئون مىنۇتلاردىن كىيىن نائىلە كۆزىنى ئاچتى.

– نائىلە ھەدە، بولدى ئاچىرشىپ كىتىڭ. نېمىگە تارتىشىسىز. ناھايىتى شۇ بىر بالىغۇ. ئارمانىمۇ ئاش بىلەن نان يەپ چوڭ بولىدۇ. ئۈنى دادىسىغا تاشلاپ بېرىڭ. ئۆمۇ بالا بېقىشنىڭ جاپاسىنى تارتىپ باقسۇن. سىزگە نېمە كۈن بۇ ؟

ئىككى ناتۇۋان قىز بىر-بىرىگە ئىسىلىپ يىغلاپ كىتىشتى. بىردەمدىن كىيىن چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن جۇرئەت ھومايغىنىچە كىرىپ، نائىلەنى سىلكىشلىگەن پېتى ئىلىپ چىقىپ كەتتى.

# 1 ـ باب

توي بولغىلى ھەپتىدىن ئاشقان بولسىمۇ، ئاسىيخاننىڭ ھىچ ھاردۇقى چىقاي دىمىگەنىدى. كەنجى قىزىنىڭ ئىچ ئاغرىقىمۇ ياكى توي ھاردۇقىمۇ ئەيتاۋۇر، ئىككى كۈندىن بېرى ئۈنىڭ ھەممە يېرى ئۈرۈپ-چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىپلا تۇراتتى. كۆڭلى تاماقمۇ تارتمايۋاتاتتى. ساۋۇت ئاخۇن ئايالىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرالمايلا قالدى. «ئىچ ئاغرىقى تارتىپ قالمىسىلا بولاتتىغۇ !» ساۋۇت ئاخۇن ئاخىرى بولالماي بوگۈن ئەتتىگەندىلا ئىبغىز ئاچتى.

- ئانىسى، توي بولغىنىمۇ ھەپتىدىن ئېشىپ قالدى. قارىسام مىجەزىڭىلا يوقتەك تۇرىدۇ. بۈگۈن دوختۇرخانىغا بېرىپ باقامدۇق يە!

- ئۇف....... - ئاسىيخان چوڭقۇر بىرنى تىنىۋەتكەندىن كېيىن، يۈرىكىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى، - كىچىكىدىن تارتىپ بالىلارنىڭ كەنجىسى دەپ، نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىپ يامان كۆندۈرۈپ قويۇپتىمىز. توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى تۇرسا، مۇشۇ ئىشتىمۇ بىزنى ئۆزىنىڭ كېچىككىنە كىرگۈزدى بۇ كاساپەت. بىز ئاتا - ئانا بولغۇچىلار بالىلارغا يامان بولسۇن دەيتتۇقمۇ....!

ئاسىيخان قېقىلىپ يۆتىلىپ، بىر ھازا گەپ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ يىللار يالدامىسىنى قالدۇرۇپ كەتكەن يول - يول قورۇق بېسىپ كەتكەن يۈزى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ساۋۇت ئاخۇن دەرھال كىلىپ، ئايالىنىڭ دۈمبىسىگە يەڭگىل مۇشلىدى.

- بولدى كۆڭلۈڭلىنى يېرىم قىلماڭلا ئانىسى. بولار ئىش بولدى. ئەمدى قىزىمىزنىڭ بەختىنى تىلىمەكتىن باشقا ئامال يوق.

- ھېچ بولمىسا ئۆيىاقتىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، بۇياقتىن توي قىلمىسا بولاتتى. شۇنچە نەسىھەت قىلدىم ئۇ بەڭۋاشىقا. خۇددى بىزنىڭ بۇ يۇرتلاردا ئەر زاتى قۇرۇپ كەتكەندەك ئاشۇ ياقا يۇرتلۇق تۇكۋاشىقا چىڭ چاپلىشىۋالدى. قىز بالا دېگەن ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرۈشكىلا چوڭ بولىدىكەن. تېخى ماۋۇ مەھەللە - كويلاردىكىلەرنىڭ ئېغىزىدىكى سېسىق گەپلەرچۇ....

ئاسىيخاننىڭ سۆزلىرى راست ئېدى. ئۇلارنىڭ كەنجى قىزى نائىلەنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كىلىشىگىلا، قوشنا ۋىلايەتتىن ئۇلار تونىمايدىغان 4 - 5 ئايال ‹‹ نائىلەنى سوراپ ›› كەلدى. ‹‹ قىزىمىز قايتىپ كەلسە، ياخشى يەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشسا، چىققان لايىقلارنى چىكىپ - تاللاپ تۇرۇپ تويىنى قىلىپ بەرسەم، تۇرمۇشى بەختلىك ئۆتسە...... ›› دىگەندەك بىر تالاي قۇرۇق خىياللارنى قىلىپ، ئېغىزىنى تاتلىق ئېتىپ ئولتۇرغان ئاسىمخان ئۇچۇن بۇ ئىش بەك ئېغىر كەلگەنىدى. تېخى ئۇ ئاياللارنىڭ ‹‹ قىزلىرى نائىلە خېنىم بىزنىڭ جۇرئەتجان بىلەن مەكتەپتە نەچچە يىل ئارىلىشىپ ئۆتتۈپتۇ ›› دەپ ھېجىيىشىپ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشلىرى ئاسىيخاننىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. ئاسىيخان جاھىللىقىغا ئېلىپ‹‹ قىزىمنى ياقا يۇرتلۇققا بەرمەيمەن ›› دەپ قانچە تېركەشكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سالا - سۆلھىسى، نائىلەنىڭ تاماق يىمەي باتناپ تۇرىۋېلىشلىرى بىلەن ئامالسىز بۇ تويغا قوشۇلدى. لىكىن تويىنىڭ ئالدى كەيىندىكى پاراڭلار ئاسىيخاننىڭ ‹‹ ھاردۇقى چىقماسلىقى ›› غا سەۋەب **بولغان**ىدى.

- يۇقارقى مەھەللىدىكى ساۋۇت ئاخۇننىڭ كەنجى قىزى نائىلەخان ئۆيىاقتىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كىلىپلا بۇياقتىن توي قىلغۇدەك!

- تويلىشىدىغان يىگىتىمۇ ياقا يۇرتلۇقمىش!

- ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن ياقا يۇرتلۇق بىلەن قانداقمۇ تېپىشىپ قالغاندۇ ؟

- ۋاي شۇ ئوقۇۋېتىپ تونۇشۇپ قاپتۇ.

- نېمانداق بالدۇرلا توي قىلمىدىغاندۇ؟ بىر نەچچە يىل تەخىر قىلىپ، خىزمىتى مۇقىملاشقاندىن كېيىن ئاندىن توي قىلسىمۇ كېچىكمەيتتى ئۇ قىز!

- نىملەرنى دەيدىغانسىز. مەكتەپتىكى ۋاقتىلا ئامانەتنى بېرىپ قويغان تۇرسا، مۇشۇنداق ئالدىرىمىسا بولامدۇ؟

- ........................

مەھەللىدە كۇندىن ـ كۇنگە ئاۋۇپ قالغان بۇ ئۆسەك سۆزلەر ئاسىيخاننىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەپ، يۈرىكىنى خۇن قىلىۋەتتى. ‹‹ بۇنداق گەپ ـ سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى نېمىشقا بالدۇرراق بىلمىگەن بولغىيتىم؟ بولمىسا نائىلە دىگەن قانجۇقنى ئامبار ئۆيگە سولاپ قويۇپ، كەلگەن ئەلچىلەرنى تىللاپ رەسۋا قىلىپ قايتۇرىۋەتكەن بولسام، ئىككىنچى ئۆيۈمگە دەسسىمەسكەن. مانا ئەمدى بۇ ئەلەم ـ خورلۇقلارغا قانداق چىدىغۇلۇق؟ مەھەللىدە بېشىمىزنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەرمىز؟ ›› ئاسىيخان ئويلىغانسىرى ئىچى ئاچچىق بولۇپ، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالمايۋاتاتتى. ساۋۇت ئاخۇننىڭ پەس ئاۋازدا ئېيتقان سۆزلىرى ئاسىيخاننى خىيالدىن ئويغاتتى.

- قوپۇڭلا ئانىسى، مەھەللە دوقمۇشىدىكى ئابلا قوزىنىڭ ئاشخانىسىدىن سۇيۇق ـ سەلەڭ قىلىپ بىر سۇيۇقئاش ئەتكۈزۈپ بېرەي. شۇنى ئىچىپ بىقىڭلا...

ئاسىيخان ئارتۇقچە تارتىشمىدى. 30 نەچچە يىللىق بۇ قەدىناسىنىڭ كۆڭلىنى دىمىگەندىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىمۇ ئاچچىق ـ چۇچۇك بىر نەرسە تارتىپ قالغانىدى. ئۇ ئاشخانىغا چىقىپ ـ كىرگۈچە **بولغان** ئارىلىقتا ‹‹ نائىلە قانداقراق تۇرغاندۇ ؟ ياقا يۇرتتا يالغۇزچىلىق تارتىپ قالغانمىدۇ؟ ›› دىگەننىلا خىيال قىلىپ چىقتى. ئۇلار تاماق يەپ سىرتقا چىققاندا مەھەللىدىكى مەسچىتتىن ئاۋازى ياڭراق مەزىننىڭ شام نامىزىغا توۋلىغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

# 2 ـ باب

ئۆزى ئىشچان، ئايىغى يىنىك، گەپ ـ سۆزلىرى مۇلايىم، ئەدەب ـ ئەخلاقلىق ھەم چىرايلىق نائىلەنى قېيىنئانىسى ئايىمخان ئاسانلا ياقتۇرۇپ قالدى. مەيلى مەھەللىدە بولسۇن، مەيلى ئۇرۇق ـ تۇققانلار يىغىلغان

سورۇنلاردا بولسۇن كىلىنىنى ھەر جەھەتتىن ماختاپ ماختىنىۋالاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئايىمخاننىڭ قورۇق بىسىپ پۈرۈلۈپ كەتكەن يۈزى خۇشاللىقتىن تېخىمۇ پۈرۈلۈپ قېرى مەزىنىنىڭ مەيسىسىدەك قورۇلۇپ كىتەتتى. نائىلەنى كۆرگەن قوشنىلارمۇ بىرەر ئېغىزدىن تەرىپىنى قىلىشاتتى.

- ئايىمخاچا، قېرىغاندا با شلىرىغا بەخت قۇ شى قونۇپتۇ. دە سلەپتە « ياقا يۇرتتىن قىز ئەكىلىدىكەن » دەپ ئاڭلاپ سەل ھەيران قالغانتىم. « بىزنىڭ يۇرتلاردىمۇ تىرناقتا توختىغۇدەك، سۇ ئىچسە كۆرۈنگىدەك چىرايلىق قىزلار تۇرسا نېمانداق قىلىدىغاندۇ » دەپ ئويلىغانتىم. لىكىن نائىلەقىزنى كۆرگەندىن كىيىن بۇ ئويۇمنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

- ۋاي ئۇنى بىر دىمىڭە سىڭلىم. قاي سى كۈنى كەچتە ئە شتىن كىلىپ كىر يۇيىۋاتاتتىم. قېرى شقاندەك كىر چايقايدىغان داس يېرىلىپ كەتتى. ئۇنچە كەچتە دۇكانلارنىمۇ تاقاپ بولىدىكەن. كىرنى شۇ پېتى قويۇپ قوياي دىسەم تېخى. شۇنىڭ بىلەن ئايىمخاچامنىڭ ئۆيىگە كىرسەم، ۋاي ئانام.....تومۇچۇقتەكلا بىر قىز ئىشىكنى ئىچىۋاتامدۇ. ئېغىزىم كاككۇك بالىسىنىڭكىدەك ئىچىلىپلا قالدى. ئۆيگە قانچە تەكلىپ قىلغانتى، ئىشىم ئالدىراشلىقنى ئېيتىپ ئۇنىمىدىم. قارىسام ئۆي ئىچى شۇنداق رەتلىك، ئۇ قىزمۇ قاراپ ئولتۇرغىدەك چىرايلىق ئىكەن .

- تېخى « ئانا، يىتىۋالسىلا پۇت ـ قوللىرىنى تۇتۇپ قوياي » « ئانا بىرەر يەرلىرى ئاغرىمىدۇ؟ » « ئانا، قانداق تاماققا كۆڭۈللىرى تارتىدۇ؟ » دەپ قەدەمدە بىر سوراپ تۇرىدۇ. قولىمۇ شۇنداق چاققان. قېرىغاندا يالغۇزلىقىمنى چاندۇرمايۋاتىدۇ. جۈرئەتجاندىن ئاڭلاپ مەنمۇ دەسلەپتە تازا رازى بولمىغان. لىكىن ھازىرقى زاماندا باللارنىڭ مەيلىگە باقماي بولمايدىكەن. تويدىن كيين ئوغلۇمنىڭ نائىلەقىزنى تاللاپ خاتا قىلمىغانلىقىنى بىلدىم. مانا ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەممۇ خاتىرجەم كۆز يۇمىدىغان بولدۇم.

ئايىمخان مەھەللىدىكىلەر بىلەن مەرىكىگە بېرىپ كەلگەن بىر كۈنى كەچتە نائىلەنى چاقىرىپ ئالدىدا ئولتۇرغۇزدى. خۇشاللىقتىن ئۇنىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن گۇنسىز كۆزلىرى چاقناپ كەتكەنىدى.

- قىزىم، ئەتە ئاكامنىڭ ئۆيىدىكىلەر چاقىرىۋاپتۇ. چىرايلىق كىيىنىپ بىرىڭ بولامدۇ.

- ماقۇل ئانا.

نائىلە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى. تويدىن كيين ھەپتىدە ئىككى ـ ئۈچ قېتىمدىن، چاقىرىۋالغانلارنىڭ ئۆيىگە بىرىپ كۈن ئۆتىۋاتاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا جۈرئەت نائىلەنى قولتۇقلىۋالاتتى. نائىلە خىجىل بولۇپ گەپ قىلغۇدەك بولسا « نېمە بوپتۇ؟ بىز دىگەن توي قىلىپ **بولغان** » دەپ خىيالىدا يوق كىتىۋىرەتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا جۈرئەت نائىلە بىلەن توي قىلىۋالغىنىدىن ئالەمچە خۇشاللىق ھىس قىلاتتى. ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك سىزەتتى. نائىلەمۇ بۇ خىل خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىلىنىۋاتاتتى.

- جۇرئەتجان بالام كەلسە سىز خەۋەر قىلىپ قويۇڭ قىزىم. ئۇمۇ ئەتە بىر كۈن ۋاقتىنى چىقارسۇن. ئېمتىھان بىر يەرگە قېچىپ كەتمەيدۇ. ئاكام جۇرئەتجانغا بەك ئامراق.

ئايىمخان بالدۇرراق ئارام ئالسدىغانلىقىنى ئېيتىپ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. نائىلە جۇرئەتنىڭ قايتىپ كىلىشىنى ساقلىغاچ، تورۇپىلا ئانىسىغا تېلىفون قىلىشنى ئويلاپ قالدى. تونۇگۈن تېلىفون قىلغان ۋاقتىتا دادىسى ئانىسىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقاچقا ئانىسى بىلەن كۆرۈشەلمىگەندى. نائىلە مېھمانخانا ئۆيدىكى سىملىق تېلىفوننى قولىغا ئېلىپ نومۇرلارنى باستى.

- ۋەي...

تېلىفوندىن ئانىسىخاننىڭ ھاسىرىغان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلاندى. نائىلەنىڭ يۈرىكى بىر ئېغىپ توختىدى.

- ۋەي ئانا، تىنشلىق تۇردىڭىزمۇ؟ مەن نائىلە...

- تىنشلىقمۇ؟ ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ قېيىنئانىڭىز بىلەن كۆيئوغۇل بالا تېنشلىقمۇ؟

- ياخشى ئانا، ئۆزىڭىزچۇ؟ ئاغرىپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟

- ياقەي، مەن ياخشى...

بىر-بىرىگە قېيىدىشىپ قالغان ئادەمدەك ئۇزاق ۋاقىتلىق سۈكۈتتىن كىيىن ئۇلار تېلىفوننى قويۇشتى. نائىلەنى ئانىسىغا گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى دىگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ ئانىسىنى سىغىنىپ ياش تۆككەنلىكىنى ئانىسىغا بىلدۈرگىسى كەلمىدى دىگەن توغرۇك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىسىنىڭ ‹‹كۆيئوغۇل بالا ›› دىگەن گىپىگە سەل خاپا **بولغان**ىدى. ‹‹ بەربىر توي قىلىپ بولدۇققۇ، ئىسمىنى ئاتسا ياكى كۆيئوغلۇم دەپ قويسا نېمە بولىدۇ؟ مۇشۇ ئانامنىمۇزە، نېملەرنى ئويلايدىكىنتاڭ‹‹ !

ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى نائىلەنى خىيالدىن ئويغىنىشقا مەجبۇر قىلدى. جۇرئەت قايتىپ كەلگەنىدى. ئۇ نائىلەنىڭ ياش يۇقى كۆزلىرىگە قاراپ بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەك قىلىپ سورىدى.

- نېمە بولدى؟ ئانام بىلەن....

جۇرئەت گىپىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىغانىدى. ئۇ تويىدىن ئىلگىرى ئانىسىنى بەك تەستە قايىل قىلغاچقا، نائىلە بىلەن ئانىسىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئەنسىرەپ كۆڭلى ئۆيۈپلا تۇراتتى .

- ئانام ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ. بايا تېلىفون قىلسام ھاسىراپلا تۇرىدۇ. ھېلىمۇ توي بولغىلى ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتتى. ئاتا-ئانامنى بەك كۆرگۈم كىلىۋاتىدۇ. جۇرئەت، بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ كىلەيلىچۇ؟

ياتاق ئۆيگە كىرىپلا نائىلە ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى. ئانىسىنىڭ توي كۈنىدىكى ئۆمسۈرۈن چىرايى، دادىسىنىڭ قىيمىغانىدەك ھالدا قاراپ تۇرىشى، قىزغا بەخت تىلەپ دۇئا قىلغاندا ئاقىرىشقا باشلىغان ساقاللىرى تىترەپ، گۈنىسىز كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چىققانلىقى.....ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىكرانىدا ھەر ۋاقىت كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

- بولىدۇ. ئەتە تاغاملارنىڭكىگە بېرىپ كېلىشۋېتەيلى. يەنە ئىككى كۈن توختىساق شەنبە بولىدىكەن. ئۈنىڭغىچە مەنمۇ ئېمتىھان تەييارلىقىمنى پۈختا قىلىۋالاي. ئاندىن بىللە بېرىپ بىرەر ھەپتە تۇرۇپ كېلەيلى بولامدۇ؟

نائىلەنىڭ چىرايى باھار ئاپتىپىدەك ۋاللىدە ئېچىلدى. بىر نەرسە تېپىۋالغان كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ ئۆي ئىچىدە پىرقىرىۋەتتى.

- سىز بەكلا ياخشى جۇمۇ. سىز ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسەم مەن رازى.

جۇرئەت ھاياجانلاندى. ئايالىنىڭ جان ئالغۇچى مېھرىلىك كۆزلىرى بىلەن بىقىپ تۇرۇپ پىچىرلاشلىرى ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى ئوينىتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئۆزىنى پەقەتلا تۇتالمىدى. كۈچلۈك سىغىنىش ئىلكىدە نائىلەنى باغرىغا باسقان جۇرئەت ئۆزىنى ئىنتايىن بەختلىك ھېس قىلىۋاتاتتى. - ھە راست، تاغاملىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىمىزنى قانداق بىلدىڭىز؟

- كېرەم ئاكام تېلفۇن قىپتىكەن. ئەتە چوقۇم كەل دەيدۇ.

- ھە، بالدۇرراق ئۇخلايلى. ئەتە ئەتىگەندە تۇرمىساق بولمايدۇ.

- بولىدۇ. مەنمۇ ئەتىگەندىن بېرى ئۆگىنىش قىلىپ ھېرىپ كەتتىم. بالدۇرراق ئارام ئالايلى خوتۇن.

جۇرئەتنىڭ ‹‹ خوتۇن ›› دىگەن سۆزنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ سوزۇپ ئېيتىشى نائىلەگە يېقىملىق ئاڭلانغان بولسىمۇ، ئۇ جىنەستىدەك لەۋلىرىنى ئۈمچەيتىپ يالغاندىن باتنۇۋالدى.

- بىز تېخى ياش تۇرساق، ھېلىتىن ئادەمنى قېرىتىپ خوتۇن دەيدىكەنسىز .

- خاپا بولماڭلا خوتۇن.......ئاپلا، - جۇرئەت ھەييارلىق بىلەن ئېغىزىغا يەڭگىل بىرنى ئۇردى، - مېنىڭ مۇشۇ ئېغىزىمنىزە، يەنە دەپ سالدىم....

نائىلە پۈسۈقىدە بىرنى كۈلىۋەتتى. جۇرئەتمۇ نائىلەنىڭ كۈلكىسىگە جۆر بولدى. ئۇلار مەكتەپتىكى ۋاقتىدىكى قىزىقارلىق پاراڭلىرىنى قىلىشىپ كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۇخلاپ قىلىشتى.

# 3 ـ باب

ئازادە ھەم چىرايلىق بىزەلگەن ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ قورۇسى مېھمانلار بىلەن لىققىدە تولغانىدى. ئاستىغا تۈركىيەنىڭ ئالىي دەرىجىلىك يۇڭ گىلەمى سېلىنغان، چەتئەلنىڭ قىممەت باھالىق ساپالىرى، ئەينەك شىرەلەر بىلەن بېزەلگەن مېھمانخانا ئۆي مېھمانلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭى بىلەن قىززىپ كەتكەنىدى. ئابدۇرېھىم ھاجىم ئايدا بىر قېتىم ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىنى يىغىپ ئولتۇرۇش قىلاتتى. «مۇشۇنداق يىغىلىپ تۇرمىساق، بىر ـ بىرىمىز بىلەن ياتلىشىپ كېتىدىكەنمىز» دېگەنىدى ئۇ. ئۇرۇق ـ تۇققانلارمۇ مۇشۇ ئۆيگە كەلسىلا خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك تارتىنماي، بەخىرامان ئولتۇرۇشاتتى. بىر ـ بىرى بىلەن قىزغىن ھەمسۆھبەتتە بولاتتى. بالىلارمۇ ھويلىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشۈپ ئويناپ، قەپەستەك كىچىك بىنا ئۆينىڭ ئازابىدىن قۇتۇلاتتى. تۇققانلار ئىچىدىكى ئوغۇل ئۆيلەيدىغان، قىز چىقىرىدىغان ئىشلار مۇشۇنداق يىغىلىشتا مەسلىھەت بىلەن بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئابدۇرېھىم ھاجىم ياشىقا ھەم ھۆرمەتكە چوڭ بولغاچقا، چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن «رېھىم ئاتام» دەپ ئادەتلەنگەنىدى. بۈگۈنكى بۇ يىغىلىش نائىلەنىڭ شەرىپىگە بولۇۋاتىدۇ دېسە ئازلىق قىلمايتتى. بىر نەچچە قېتىم سىڭلىسى ئايىمخاندىن نائىلەنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئاڭلىغان ئابدۇرېھىم ھاجىم ئاتايىن بۈگۈنكى ئولتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

ـ ھە قېنى مېھمانلار، بەھۇزۇر ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار. ھە قېنى نائىلە قىزىم، سىزمۇ مەزەلەرگە بېقىڭ.

ئابدۇرېھىم ھاجىمنىڭ خوتۇنى شەرىپەم خېنىم مېھمانلارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئابدۇرېھىم ھاجىم ئىشىك تۈۋىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ مېھمانلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىۋاتاتتى. ھەممىسى ئۆز ئالدىغا پاراڭ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆزلىرى نائىلەدە ئىدى. ئۇنىڭ بۈگۈن كىيىۋالغان ئوتقا شىتەك قىزىل يوپكا ـ چاپىنى نازۇك بەستىگە خويمۇ يارا شقانىدى. قاپقارا ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى قوي كۆزلىرى، ئېقىپ چۈشكەندەك بۇرنى، گىلاستەك لەۋلىرى، سۈپسۈزۈك تۇخۇمسىمان يۈزلىرى بىرلا قارىغان كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

ـ ئايىم ئاچا، كېلىنىڭىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن جۇمۇ!

ـ كۆز تەگمىسۇن. نائىلەقىز سىزنىڭ بىر شىڭىزغا قونغان بەخت قۇشى ئىكەن. ئۆتكەندە مەھەللىڭلاردىكى زۇبەرەم بىلەن پاراڭلىشىپ قالغانتۇق. نائىلەقىزنى بەك ماختاپ بەرگەن. قارىسام شۇ ماختاشلارغا لايىق قىز ئىكەن بۇ!

ـ ۋاي شۇنى دېمەمسىلە. جۇرئەتجانىڭمۇ كۆزى بار ئىكەن جۇمۇ. مۇشۇنداق تومۇچۇقتەك قىزنى كەلتۈرەلىگەندىكىن....

مېھمانلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىشىپ كىتىشكەن بولسىمۇ، ئايمخانغا بىر نەۋرە تۇققان كىلىدىغان زورىخان غىجىنىپ كەتتى. چاندۇرماي بويۇن تولغىدى. نائىلەنىڭ چىرايلىقلىقى كۆرۈنۈپلا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچى تارلىقى كۆزىنى پەردىلەپ قويغانىدى. ئەسلىدە زورىخاننىڭ «« جۇرئەتجان ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلسە قىزىم پەزىلەت بىلەن توي قىلسا، ئايمخان ئۆلگەندىن كىيىن پۈتۈن مال ـ مۈلۈك قىزىمغا قالسا، بىر ئۆمۈر جاپا تارتماي يىتىپ يىسە....»» دەيدىغان غايىۋى ئارزۇلىرى بار ئىدى. مانا ئەمدى جۇرئەت نائىلە بىلەن توي قىلىپ **بولغان** تۇرسا، زورىخاننىڭ ئۇ ئارزۇلىرى ئەمەلگە ئاشمىغان تۇرسا، زورىخان ئىچى تارلىق قىلماي تۇرالايتتىمۇ!

مېھمانلارنىڭ ماختاۋىرىشىدىن ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن نائىلە ئۆي ئىگىسىگە تاماققا قارىشىپ بىرىش ئۈچۈن ھويلىغا چىقتى.

مىللى بىناكارلىق بىلەن ياۋرۇپا ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلۈپ نەقىشلەنگەن بۇ ئۆي خۇددى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىغىلا ئوخشايتتى. ئۆي ئىگىسىنىڭ ئەشچانلىقىنى بىلىندۇرۇپ تۇرىدىغان ھويلىدىكى چاسا شەكىللىك خىشلار باھارنىڭ ئىللىق قۇياش نۇرىدا يالىلداپ تۇراتتى. نائىلەنىڭ ھويلىغا چىقىپلا كۆڭلى ئىچىلىپ قالدى. گەرچە ئۆي ئىچىدە ھەممەيلەن ئۆزىنى ماختاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ ئورنىغا چىقىرىپ قويغان كىچىك بالىدەك خىجىل بولۇپ ئولتۇرالمايلا قالغانىدى.

ـ　نائىلە...

نائىلە كەينىگە بۇرۇلۇپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. بىشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا ئاق كۆينەك كىيىپ، ساقال ـ بۇرۇتىنى پاكىزە قىرغان، يارا شتۇرۇپ قويىۋالغان قاپقارا بۇرۇتى يىگىتلىك سالاپىتىنى ئالاھىدە نامايەن قىلىپ تۇرغان بىر يىگىت ئۇنىڭغا قاراپ كىلىۋاتاتتى. نائىلە ھەرقانچە قاراپمۇ بۇ يىگىتنى تونىيالمىدى. «« تونىيالمىغىنىم ھەقتە، چۈنكى مەن بۇ يەرگە تىخى يىڭى تۇرسام...بۇلارنىڭ بىرەر تۇققىنىدۇر بەلكىم. لىكىن نىمىشقا مىنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ يۈرىيدىغاندۇ؟ »» يىگىت نائىلەنىڭ ئالدىغا كىلىپ بولغۇچە **بولغان** قىسقىغىنە ئارىلىقتا نائىلە بىر تالاي ئىشلارنى ئويلاپ **بولغان**ىدى.

ـ　تىشىلقىمۇ. ھەجەپ تونۇمايدىغان ئادەمدەك قاراپ كەتتىڭىزغۇ. مەن كىرەم. ئۈرۈمچىدە جۇرئەت بىلەن بىز ئىككى قېتىم بىللە تاماق يىگەنغۇ!

ئۆزلىرىدىن 3 قارار بۇرۇن ئوقۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەتكەن كىرەمنى نائىلە ئاران تەسلىكتە ئەسكە ئالدى. چۈنكى 3 يىل بۇرۇنقى ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىش ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن پاك ـ پاكىزە يۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى. «« ئاخشام جۇرئەت، كىرەم ئاكام تىلفۇن قىپتىكەن دىسىمۇ بىلمەپتىمەن دىسە »» نائىلە شۇنداق ئويلىغاچ ئۆزرە ئېيتتى.

ـ　كەچۈرۈڭ. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتكەن بولغاچقا سىزنى ئىسمىدىن چىقىرىپ قويۇپتىمەن.

- ھېچقىسى يوق. ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كەپسىز. بۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈشىدىغان پۇرسىتىمىز كۆپ تېخى.

- بولىدۇ ئەمىسە، مەن ھامامىغا ياردەملىشەي دەپ چىققان. كۆرۈشەمىز.

نائىلە يەڭگىل قەدەملەر بىلەن كىتىپ قالدى. كېرىم بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئاچ قالغان بۆرىدەك چەكچىيىپ قاراپلا قالغانىدى.

بىر كۈنلۈك مېھماندارچىلىق تۈگەپ ئۇلار ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە ئاللىبۇرۇن قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، يول چىراقلىرى يېنىپ**بولغان**ىدى. ئانىسىنى يۆلەشتۈرۈپ ئىشكتىن كىرگەن جۈرئەت مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ساپادا ئولتۇرغاچ ئېغىز ئاچتى.

- ئانا، قېيىنئاتا-قېيىنئانىلىرىم بىلەن تويدا بىر كۆرۈشكەنچە كۆرۈشۈپمۇ باقمىدىم. ھېلىمۇ ئىككى ئايدىن ئېشىپ قالدى. بىز شۇ تەرەپلەرگە بىر بېرىپ كەلسەك بولامدىكىن.

- قاچانراق ماڭايلى دەۋاتىسىلە بالام.

ئايىمخانىنىڭ، كۈندىلا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىۋاتقان كېلىنىدىن ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ نائىلە ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپ كەلمىسە بولمايدۇ دە.

- ئىككى ئۈچ كۈن ياخشىراق تەييارلىق قىلىپ بېرىپ كىلەڭلا. يول ئارىلىقىمۇ خېلى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇنجى قېتىم بارماقچى بولىۋاتىسىلە ئەمەسمۇ.

- ھەئە ئانا، دۈشەنبە كۈنى ئەتتىگەن يولغا چىقساق قانداق بولا؟

جۈرئەت گەرچە ئالدىنقى كۈنىلا نائىلەگە ۋەدە بېرىپ **بولغان** بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراۋاتقان قىياپەتتە سۆزلەۋاتاتتى.

- ماقۇل بالام. ئۇنداق بولسا مەن ئەتە نائىلە قىزىم بىلەن بازارغا چىقىپ ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم-كېچەك قىلىپ بىرەي. قۇدىلارمۇ خاتىرجەم بولۇپ قالسۇن. - بولدى ئانا، نېمانداق كايىپ كىتىلا. تېخى تويلۇق ئالغان كىيىملەرنىڭ ھەممىسىنى كىيىپمۇ بولالمىدىم.

نائىلە خۇشال بولۇپ ۋارقىرىۋەتسىكە ئازلا قالغان بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتىۋالغانىدى.

- شۇنداق بولسىمۇ قىزىم، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنىڭ بۇ يەردە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىڭىزنى ئۇقۇپ قالسۇن. يىراق يەرگە قىزىنى يولغا سېلىپ قويغان ئاتا ـ ئانىنىڭ كىچە ـ كۈندۈز ئۇيلايدىغىنى «قىزىم قانداقراق تۇرغاندۇ» دېيىش بولىدۇ. گەرچە مەن يىراق يەرگە قىز ياتلىق قىلىپ باقمىغان بولسامۇ، مەنمۇ بىر ئانا. قۇدىلارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىمەن. سىز مەن دېگەندەك قىلسىڭىزلا بولىدۇ قىزىم.

مەسلىھەت پۈتتى. قېيىنئانىسى ھەم يولدىشىدىن خۇشال **بولغان** نائىلەنىڭ قاپقارا قوي كۆزلىرى ياشلاندى. بۇ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن تىركىشىۋاتقان يۈرىكىنىڭ خۇشاللىق يېشى ئىدى. بۇ قېيىنانىسى ھەم يولدىشىدىن مەمنۇن **بولغان** رازىمەنلىك يېشى ئىدى. بۇ ئۆزىنىڭ بەختىدىن پەخىرلىنىۋاتقان ئېپتىخارلىق، مەمنۇنىيەتلىك كۆز يېشى ئىدى.

# 4 ـ باب

سەپەر ھاردۇقى يەتكەن نائىلە بىلەن جۇرئەتكە ئىچكىرىكى ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بېرىلدى. گەرچە نائىلە ئورۇنغا كىرىپ يېتىپ قالغان بولسىمۇ، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. پۈت ـ قوللىرى ئۇرۇپ ـ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرسىمۇ، بايا ئانىسىنىڭ قىلغان قىلىقى ئۇنىڭ ئىچ ـ باغرىنى ئۆرتەپ ئازابلاۋاتقاچقا، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. «كۈيئوغلى تۇنجى قېتىم كەلگەندە، ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنداق قوپاللىق قىلماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟ بۇ ئانامنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ. كونىلارنىڭ كۈيئوغلۇڭنىڭ ھۆرمىتى ــــ قىزىڭنىڭ ھۆرمىتى دېگىنىنى بىلسىمۇ ئۇيلىسا بولمامدۇ. ئەمدى جۇرئەتنىڭ يۈزىگە قانداق قارىغۇلۇق......» نائىلەنىڭ خىيال قۇشلىرى بايا ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئانىسى بىلەن سالاملاشقان مەنزىرە تامان ئۇچۇشقا باشلىدى.

قولىدىكى ئېغىر سوۋغات بوغۇملىرىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكتىن كىرگۈچە قىزىرىپ، پوكاندەك ئىسىلىپ كەتكەن جۇرئەتنى كۆرگەن قېيىنئانىسى ئاسىيخان ئاۋال ئېغىز ئاچتى.

- تىشلىق كەلدىڭىزمۇ كۈيئوغۇل، ئانىڭىز ياخشىدۇ؟

- ھەئە، ھەممەيلەن تىشلىق ـ ئامان ياخشى تۇردى. دادام بىلەن سىلىنىڭ ئەھۋاللىرىمۇ ياخشىدۇ ئانا؟

قېيىنئانىسىنىڭ «كۈيئوغۇل» دېگەن سۆزىگە سەل ئاغرىنغان جۇرئەتنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە تەبەسسۇمى لاپپىدە قېلىپ ئۆچتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئامال بار ئۆزىنى بەردەم تۇتۇشقا تىرىشتى.

- ھەئە، بىزمۇ ياخشى تۇردۇق. نائىلەخانىنىڭ تويى بىزگە بەك كۆپ شاپائەت ياغدۇرۇپ بەرگەن. قوشنىلارنىڭ سېسىق گەپلىرى بىلەن بەك ئامان ـ ئىسەن تۇردۇق.

ئا سىيخان نائىلەگە سوغۇقلا بىر قاراپ قويۇپ ئا شخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ساۋۇت ئاخۇن كۆيئوغلى بىلەن قىزىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ دا ستىخان سالدى. ئا سىيخان ئالدىن تەييارلاپ تىزىپ قويغان پەتنۇ ستىكى قورۇق مېۋىلەرنى بىر - بىرلەپ داســـتىخانغا ئېلىپ چىقتى. ئۇلار ئۇياق - بۇياقتىن پاراڭ قىلىشـــىپ باققان بولســـىمۇ، بايا ئاســيخاننىڭ ســۆزلىرى ھەممىســـىنى كەكرى يۇتىۋالغاندەك بىئارام قىلىۋەتكەن بولغاچقا پاراڭ قولاشمىدى .

خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئۇستىگە بىر كاللەك گۆش قوندۇرۇپ، بىر لىگەن پولۇ ئېلىپ چىققان ئاسىيخان لىگەننى داستىخانغا ‹‹جاققىدە›› قويۇپ گەپ - سۆزسىزلا چىقىپ كەتتى.

- ئېلىڭلا باللىرىم، ئاناڭلىنىڭ بۈگۈن سەل مىجەزى يوق ئوخشايدۇ.

دىدى ساۋۇت ئاخۇن جۇرئەتنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي قولىنى چايقاتقاچ.

- ھىچقىسى يوق، بىردەم ئارام ئالسا ئوڭشىلىپ قالا.

جۇرئەت قېينئاتىسىغا ماسلىشـىپ گەپ قىلىپ قويغان بولسـىمۇ، كۆڭلى قاتتىق يېرىم **بولغان**ىدى. نەچچە كۈندىن بېرىقى غايىبانە خۇشـــاللىقلىرى ئاللىقاياقلارغا غايىپ **بولغان** بولۇپ، خاپىچىلىقتا قاپىقى ســـاڭگىلاپ كەتكەن ئىدى. نائىلەنىڭمۇ ئىشـتىھاسـى تۇتۇلۇپلا قالدى. ئالســـلا - باقســـلا، ھە قېنى دېيىشـىپ شـۇنچە تەكەللۇپ قىلىشقان بولسىمۇ، بىرەر ئىككى كاپامدىن يېيىلگەن پولۇ سوۋۇپ تەمدىن كەتكەندى .

ئېچكىرىدىكى مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ گەپ قىلمايلا يېتىپ قالغان جۇرئەتكە قاراپ نائىلە تەڭقىســـلىقتا قالدى. ئۇياققا قارىسا ئانىسى، بۇياققا قارىسا چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ توي قىلغان ئېرى....ئۇ ئاخىرى ئانىسى بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشىپ بېقىش ئۈچۈن تىۋىش چىقارماي ھويلىغا چىقتى.

كېچە قارا قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقارا بولۇپ، ھويلىدا ھىچنەرســـىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. كىچىكىدىن مۇشـــۇ ئۆيدە ئويناپ چوڭ **بولغان** نائىلە ئۈچۈن بۇنداق ســـياھەتەك قاپقارا كېچىلەر قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايتتى. چۈنكى ئۇ كۆنۈپ كەتكەندى. نائىلە ھويلىغا چىقىپ بىردەم ســـەگىدىۋالغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى يېتىپ قوپىدىغان تاشقارقى قازناق ئۆينىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

- كىمۇ؟

ئۇيقۇســـى ســـەگەك ئاســـيخان تېخىچە ئۇخلىيالمىغان بولۇپ، ئىشـــكىنىڭ چېكىلىشـــى ئۇنىڭ خىياللىرىنى بۇزىۋەتكەندى.

- مەن ئانا....

- نائىلە....

ئاسىيخان بۈگۈن كۆيئوغلىغا قاتتىق تەگكىنى ئۈچۈن بىئارام بولۇۋاتاتتى. نىملا دىگەن بىلەن نائىلەنىڭ ئېرى ئەمەسمۇ. كۆيئوغلۇمنى ئۆيلىمسامۇ قىزىمنى ئۆيلىمسام بولمايتتىغۇ. نېمىشقىمۇ ئۇنداق قىلغاندىمەن....لىكىن نائىلەمۇ مېنى مەھەللىدە بىر مۇنچە سۆز- چۆچەككە قويغان تۇرسا.....

- ھە، مانا.

ئاسىيخان يالاڭ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ساپما كەشىنى شالاقشىتىپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. چىراق يورۇقىدا نائىلەنىڭ مىسكىن چىرايىنى كۆرگەن ئاسىيخاننىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، پۇچۇلاندى، ئازابلاندى. بالىلىرىنىڭ غەمكىن چىرايىنى كۆرسە ھەرقانداق ئاتا- ئانا چىداپ تۇرالمايدۇ ئەلۋەتتە!

- ئانا، سىز بىلەن ئازراق پاراڭلاششام بوپتىكەن.

نائىلە قورۇنۇپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سۆزىنى ئاران تۈگەتتى. ئاسىيخان گەرچە نائىلەنىڭ ئۆز ئانىسى بولسىمۇ، نائىلەمۇ ئانىسىنى ئېغىر غەمدە قويۇپ قويغىنىنى ئەمدىلىكتە ھىس قىلغانىدى.

- نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟

ئاسىيخان ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى كەڭ كارىۋاتقا كىلىپ ئولتۇرۇپ نائىلەگە قارىدى.

- ئانا، نېملا بولمىسۇن بۈگۈن جۇرئەتكە ئۇنداق مۇئامىلە قىلماسلىقىڭىز كىرەك ئىدى .

ئاسىيخان جاۋاپ بېرىشنىڭ ئورنىغا ئېغىر ئۇھسىندى. ئۇنىڭ مۇڭ باسقان چىرايى غەمكىن بولۇپ قالغانىدى .

- دىمىسىمۇ مەن سىلەرنى ئېغىر دەردتە قالدۇرۇپ يېراقتا توي قىلىپ كەتتىم. لىكىن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسەم ئەرزىيدۇ. چۈنكى ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ. ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟ سىز كىچىك ۋاقتىمىزدىن تارتىپ بىزنىڭ بەختىمىزنىلا تىلەيتتىڭىزغۇ. ئەمدى **بولغان**دا كۆيئوغلىڭىزغا ياخشىراق مۇئامىلە قىلىپ قويسىڭىز بۇمۇ مېنىڭ ھۆرمىتىمغۇ ئانا. مەنمۇ سىلەرنى بەكلا ياخشى كۆرىمەن. لىكىن سىلەرنى ياخشى كۆرسەممۇ، بىر ئۆمۈر توي قىلماي ئۆتەلمەيمەندە. ئۆزۈم ياخشى كۆرمىگەن بىر كىشى بىلەن توي قىلىش ئادەمگە ئەڭ ئېغىر ئازاب ئېلىپ كىلىدۇ. ئانا مېنى چۈشىنىڭ بولامدۇ. ھېچ بولمىسا مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ جۇرئەتكە ياخشىراق مۇئامىلە قىلىپ قويۇڭ. ئۇمۇ خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇۋاتىدۇ....

نائىلە سۆزلىگەنچە ئىسەدەپ كەتتى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئىتىلىپ چىققان ھەسرەتلىك پىغان كۆز يىشىغا قوشۇلۇپ يەرگە تامچىلاۋاتاتتى. ئاسىيخاننىڭمۇ كۆز ياشلىرى مەڭزىدىن دومىلاشقا باشلىدى. لېكىن كېچە قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، نائىلە ئانىسىنىڭ كۆز يىشىنى كۆرەلمىدى.

ئاسىيخان گەرچە چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، نائىلەنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تاپقانىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىنى قولتۇقلىشىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە جۇرئەت تېخىچە ئۇخلىماي ياتقانىدى.

ـ ئانىڭىز بىلەن پاراڭلىشىپ كىردىڭىزما؟

ئىچكىرىكى مېھمانخانا ئۆينىڭ ئىشىكىنى پەم بىلەن ئىچىپ كىرىپ، يوتىنىڭ ئۇچىدا كارىۋاتقا يېقىنلاشقان نائىلە قورقۇپ كەتتى. ئۇ جۇرئەتنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلىغانىدى.

ـ ھەئە، بولدى ئۇخلاڭ. ئەتە ھەممە ئىشلار ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

نائىلە شۇنداق دېگەن بىلەن ئۇمۇ كېچىچە جۇرئەت ۋە ئاسىيخانلارغا ئوخشاش كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپ چىقتى.

ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ھەپتە تۇرغان نائىلە ئوبدانلا سەمرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا يۇرتىنىڭ ھاۋاسى خىل كەلدىمۇ، ياكى ئانىسىنىڭ كېينكى كۈنلەردە قىلغان ياخشى مۇئامىلىسى كۆڭلىنى خوش قىلىپ تۇرغاچقا شۇنداقمۇ ئەيتاۋۇر ئۇ ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا ئوبدانلا ھاسرايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئاسىيخاننىڭ تەييارلاپ بەرگەن يوللۇقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئىشىكتىن چىققان جۇرئەت بىلەن نائىلە ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك بولۇپ قالغانىدى.

ـ خوش باللىرىم، ئايمخانغا بىزدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭلار.

ئاسىيخان شۇنداق دەپلا ياغلىقنىڭ ئۇچىنى كۆزىگە باستى. ئامال بار يىغىسىنى باللىرىغا كۆرسەتمەسلىككە تىرىشقانىدى.

ـ جۇرئەتجان بالام، ئانىڭىزغا بىزدىن سالام ئېيتىپ قويۇڭ. يولدا ئېھتىيات قىلىڭلار.

ـ خوش دادا، ئانا سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار.

جۇرئەتنىڭ كۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز نەملەندى. ئۇ خوشلىشىشنىڭ بۇنچىلىك ھاياجانلىق، ئازابلىق بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھىس قىلغانىدى. « مەن ئوقۇشقا ماڭغاندا كىچىك بولغاچ سەزمەپتىكەنمەن. ئانام بىلەن دادامنۇ قانچە ئازابلانغان بولغىيتى » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

ـ دادا، ئانا، سىلەرگە كۆندە بىر تېلفۇن ئۇرۇپ تۇرىمەن. سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار..........

تاكسىغا نەرسە ـ كېرەكلەرنى سالغان نائىلە بىلەن جۇرئەت خوشلىشقا قىيالماي ئۇزاق تۇرغان بولسىمۇ، شوپۇرنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن ئامالسىز ماشىنىغا چىقىشتى. يىراقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنىغا قاراپ قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان قەدىناس ئەر ـ ئاياللار ئۆزاققىچە ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي كۆز يېشى قىلىشتى

# 5 ـ باب

زورىخاننىڭ بۇگۈنكى خۇشاللىقىغا ھېچنېمە توغرا كەلمەيتتى. ئۇ مېھمانخانا ئۆي بىلەن ئاشخانا ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ھېچ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، مېھمانخانا ئۆيگە كىرگەندە سارغىيىپ كەتكەن چىشلىرىنى چىقىرىپ ھېجىيىشىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايتتى. ئەتە ئېمىتىھان بىرىدىغان جۇرئەت ئەر ـ ئايالنى بۈگۈن مېھماندارچىلىققا چاقىرىۋالغان زورىخاننىڭ ھەممە ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك، ئويلىغىنىدەك بولۇۋاتاتتى .

ـ نائىلە قىزىم، داستىخىنىم غورىگىل بولۇپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ مەزەلەردىن تارتىنماي ئالغاچ ئولتۇرۇڭ. پەزىلەت دوستىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن. ئۇمۇ ھازىرلا قايتىپ كىلىدۇ.

زورىخان پاكار بويىغا ماس كەلمىگەن ھالدا كۆپتەك سەمرىپ كەتكەن، ماگسا ئىككى يىنىغا ئىرغاڭلاپ ماڭىدىغان بولغاچقا، بىر قارىغان كىشىگە ئۆردەكنىلا ئەسلىتەتتى. مەھەللىدە ئۇنىڭ بىلەن ئەپ ئۆتەلمەيدىغان ئاياللار ئۇنىڭغا ‹‹ ئۆردەك ›› دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى.

ـ ھاما، مەنمۇ چىقىپ قارىشىپ بىرەي بولمىسا.

نائىلە تېلفۇن ئويناپ ئولتۇرغان جۇرئەتكە قارىغاچ شۇنداق دىدى. ئەتتىگەندىن بېرى زورىخاننىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن پايپىتەك بولىشى نائىلەنى خىجىل قىلىپ قويغانىدى .

ـ ياقەي قىزىم، پەقەت مۇشۇ پەزىلەت قايتىپ كەلسىلا.......

زورىخان ئەتەي بىر ئىشقا تىت ـ تىت **بولغان**دەك قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

ـ قارىمامسىز قىزىم، دوستىنىڭ ئۆيى يىراق بولغاچقا پىيادە كىلىپ بولغۇچە خېلى ۋاقىت كىتىدىغان چىغى. نەچچە قېتىم توكسىكىلىت ئىلىپ بېرەي دىدىم بولمىسا. لىكىن ئۆزى بەك تارتىنچاق بولغاچقا ئۇنىماي تۇرىۋالدى.

زورىخان جۆرئەتكە قارىدى. جۆرئەت زورىخاننىڭ گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقتەك تېلىفۇنى بىلەن ئېيتىشىپ ئولتۇراتتى. زورىخاننىڭ بۇنىڭغا ئىچى پۇشتى. ئۇنىڭچە **بولغان**دا ئىشلار بۇنداق بولىۋەرسە ئۆزىنىڭ نەچچە كېچە ئۇخلىماي تۈزگەن پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشمايتتى. شۇڭلاشقا زورىخان گىلىنى قىرىپ ئاۋازىنى ئامال بار سىلىق چىقىرىشقا تىرىشىپ جۆرئەتكە قاراپ سۆز باشلىدى.

ـ جۆرئەتجان بالام، سىز پەزىلەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىلىپ كىلەمسىز يا؟ نائىلەقىز بىزگە مېھمان. مېھماننى ئىشقا سالساق قانداق بولىدۇ. يا بۇ كاساپەتمۇ تېخى كىلىپ بولالمىدى.

جۆرئەت بىر نائىلەگە بىر زورىخانغا قاراپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئەمەلىيەتتىمۇ «ياق» دىسە قاملاشمايتتى. جۆرئەت چىقىپ كەتكەندىن كىيىن زورىخان تاماق ئەكىرىشنى باھانە قىلىپ ئاشخانا ئۆيگە كىردى،دە ـ يانچۇقىدىن كىچىك قول تېلىفۇننى ئىلىپ ئالدىراپ نۇمۇرلارنى بېسىشقا باشلىدى.

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كېرىم بالام قېنى دەرھال كىرە ئەمسە. ھەممە ئىشلار جايىدا پۇتتى.

زورىخان گەپنى قىسقىلا قىلىپ تېلىفۇننى قويغاندىن كىيىن، ئىككى پىيالىگە قېتىق بۆلۈپ پەتنۇسقا قويغاندىن كىيىن مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

زورىخان بىلەن نائىلە ئۇياق ـ بۇياقنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە جۆرئەت تۆت كوچا ئېغىزىدا تېلىفۇننى قۇلىقىغا تۇتقىنىچە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇرغان تېلىفۇنى ھىچ ئىلىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بىر ۋاقىتلاردىن كىيىن يان تەرەپتىكى كوچىدىن بىر قىزغا يۆلىنىپ ئاران مېڭىپ كىلىۋاتقان پەزىلەتنىڭ قارىسىنى كۆرگەن جۆرئەت يۈگۈرۈپ ئالدىغا باردى.

ـ پەزىلەتكە نىمە بولدى؟

ـ تاڭ مەنمۇ بىلمىدىم. بايا ئۆيگە كېتىمەن، ئاپا تېلىفۇن قىپتۇ دەپ ئۆيۈمدىن چىقىپ كىتىۋىتىپ ھويلىدىلا يىقىلىپ چۈشتى. ھوشىدىن كىتىپ قاپتىكەن. ئاران تەسلىكتە ھوشىغا كەلدى.

ـ پەزىلەت، يۈرىڭە تاكسى توسۇپلا قايتايلى. زورىخاچام بەك ساقلاپ كەتتى.

ـ مېنىڭ تاكسىغا چۈشكۈم يوق. تاكسىغا ئولتۇرسام كۆڭلۈم ئىلىشىدۇ. سىزنىڭ توكسىكلىتىڭىز بارغۇ؟

پەزىلەت ساغۇچ كۆزلىرىنى خۇمالاشتۇرۇپ جۆرئەتكە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاللىقانداق ۋەھىمىلىك ئۇچقۇنلار چاچراپ تۇراتتى.

- ئاداش، سەن كىرىپ كىتىۋەرگىن. جۈرئەت **بولغان**دىكىن ئەنسىرىمە. ئىش بولسا تېلفۇن قىلىمەن. خوش......

قىزلار خوشلىشىپ **بولغان**دىن كېيىن جۈرئەت توكسىكىلىتنى توختىتىپ قويغان جايدىن ئېلىپ كەلدى. كەينىگە ئەپچىللىك بىلەن ئورۇنلاشقان پەزىلەتنىڭ ھېيىقماستىن ئۆزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغىنىنى سەزگەن جۈرئەتنىڭ بەدىنى تىكەنلەشتى. يولدا كىتىۋتىپ بىر نەچچە قېتىم ياندىن كىلىۋاتقان ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇ ئاخىرى چىدىيالماي سۆز ئاچتى.

- پەزىلەت، بۇنداق ئولتۇرسىڭىز بەك غىدىقىم كېلىپ كىتىدىكەن. قولىڭىزنى ئاجرىتىۋىتىڭ بولامدۇ؟

- جۈرئەت، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز. ھىلىمۇ بىشىم قېيىپ ئارانلا ئولتۇردۇم. سىز مېنى يىقىلىپ چۈشسۇن دىمەكچىمۇ.

پەزىلەتنىڭ يالغاندىن قېيداپ تۇرىۋىلىشى بىلەن جۈرئەتمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئامالسىز يولنى داۋام قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

جۈرئەتنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ توكسىكىلىت ھەيدەپ كىلىۋاتقان مۇشۇ پەيتتە زورىخاننىڭ تۆمۈر دەرۋازىلىق ئىشكى قاتتىق ئۇرۇلدى. نائىلە بىلەن پاراڭلىشىپ قېتىق ئىچىۋاتقان زورىخان « جۈرئەتجان بالاملار قايتىپ كەلگەن ئوخشايدۇ » دەپ سىرتقا چىقىپ كىتىپ ھايالىشمايلا كىرىمنى باشلاپ كىردى.

- ۋاي، بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىققاندۇ. كىرىم بالامنىڭ بىزنىڭ ئاددى كەپىمىزگىمۇ ئايىغى يىتىدىكەن دىسە. بۈگۈن ھەجەپ خۇشال بولدۇم. كۆڭلۈم بۆلەكچە ئېچىلىپ كەتتى.........

زورىخان ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي بىر ھازا ۋالاقلىغاندىن كېيىن « پولۇغا ئىس ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە » دەپ چىقىپ كەتتى. كىرىممۇ پۈرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىپ دەرھال ئېغىز ئاچتى.

- نائىلە، تىشلىق تۇردىڭىزمۇ. ئۆتكەن قېتىم بىزنىڭ ئۆيدە كۆرۈشكەندىن كېيىن سىزنى پەقەتلا ئۇچرىتالدىم. ئۆيۈڭلارغا بارسام ئايىمخان ئانام سىلەرنى سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا كەتتى دىدى .

- ھەئە، ئارىلىقتا يۇرتقا بىرىپ ئاتا-ئانامنى كۆرۈپ كەلدىم.

نائىلە قىسقىلا جاۋاپ بىرىپ يەرگە قاراپ سۈكۈتتە ئولتۇردى. نائىلەنىڭ سۇ ئىچىسە كۆرۈنگىدەك بويۇن تېرىسىگە قاراپ تۈكۈرىكىنى غۇرتتىدە يۇتۇنغان كىرىم ئورنىدىن تۇرۇپ نائىلەنىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇنغا بىرىپ ئولتۇردى. نائىلە غەلىتىلىك ھېس قىلىپ بىشىنى كۆتۈرۈپ گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىكتىن كىرگەن زورىخان ئوت ئۈستىگە ياغ چاچتى.

ـ ۋاييەي، ماۋۇ قوشماقلارنى كۆرۈڭ. ئادەمنىڭ بەك مەستلىكى كىلىدىكەن جۇمۇ ئىككىڭلارغا. خۇددى ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك.....

نائىلە نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ قاشتىشىدەك سۈپسۈزۈك مەڭزى ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەندى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ نېرىراق سۇرۇلدى. زورىخان تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى.

ـ ۋاي قىزىم، خىجىل بولماڭ. مەن كۆرمىگەن بولاي ئولتۇرىۋېرىڭلار. ئەسلى يۆتىلىۋېتىپ كىرسەم بوپتىكەن.

هويلىدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان زورىخان ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈردى .

ـ سىلەردەك قاملاشقان بىر جۈپلەر ھېچيەردە ئۇچرىمايدۇ بالام. سىلەرمۇ ئۆز بەختىڭلارنى تېپىشقا ھوقوقلۇق. چىڭ چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ سىلەر. بەختىڭلارغا كۆز تەگمىسۇن. نائىلە قىزىم، سىزمۇ بىزنىڭكىگە پات ـ پات كىلىپ تۇرۇڭ. مانا مۇشۇنداق ئاشىقىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ ھال ـ مۇڭ بولالايسىز ئەمەسمۇ.

سىرتتىن كىرگەن جۈرئەت دەماللىققا نىمە ئىشلار **بولغان**لىقىنى بىلەلمەي قالدى. زورىخان ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە يەنە ئۇتتۇرىغا چۈشتى.

ـ ۋاي قاراڭ جۈرئەتجان بالام. سىز كېتىپلا كىرىم بالام كەپتىكەن. ئىككىيلەن ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ مۇڭدىشىپلا كېتىپتۇ. شەپە چىقارماي كىرىپ قاپتىكەنمەن. قارا، نائىلە قىزنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى. ئۆزۈممۇ نۇمۇس قىلىپ قالدىم.

نائىلەنىڭ ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىنى، كىپكىنىڭكىدەك چۆچۈپ تۇرغان قاپقارا قوي كۆزلىرىنى كۆرگەن جۈرئەتنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى. ئۆتكەندە يولدا كىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا كىرىمنىڭ «خوتۇنۇڭ نائىلە بىر يۇتۇم سۇ بىلەن ئىچىۋەتكۇدەكلا چىرايلىق جۇمۇ. مانا مۇشۇنداق خوتۇن ئىلىۋالغان ئەركەك ئۇمۇر بويى بەخت ئىچىدە ئۆتىدۇ» دەپ تىلىنى تامشىپ كەتكەن قىياپىتى كۆز ئالدىغا كىلىشى بىلەن ئاچچىقتىن ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. رەشىك ئوتى ئۇنى قىيناپ مېڭىسىنى تورمۇزلاپلا قويغانىدى. ئۇ زورىخاننىڭ قانچە يالۋۇرۇپ تۇتۇشلىرىغا قارىماي، نائىلەنى تارتقۇشلىغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ـ راستىنلا شۇنداق قىلدىڭىزما نائىلە؟ ئەجبا سىز مىنى بەك ياخشى كۆرەتتىڭىزغۇ. ئەمدىلىكتە.........

ـ نىمىلەرنى دەۋاتىسىز جۈرئەت. سىزنىڭچە مەن شۇنداق قىلارمەنمۇ. زورىخان ھەدەم نىماانداق قىلىدۇ دەيمەن.

ـ  ئۇنداقتا نېمىشــقا بايا ئۇ سـۆزلەۋاتقاندا قىزىرىپ كەتتىڭىز؟ بىشـىڭىزنى يەردىن ئۇسـتۈن كۆتۈرەلمەي قالدىڭىزغۇ؟

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن جۈرئەت نائىلەنى ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپلا سوراقنى باشلىۋەتكەنىدى. ئۇ قانچە توغرا چۈشـىنەي دەپ ئويلىغانسـىرى كېرىمنىڭ ئاشـۇ سـۆزلىرى يادىغا كىلىۋىلىپ ئۇنى غالجىرلاشـتۇرىۋەتكەنىدى. نائىلە **بولغان** ئىشلارنى تەپسىلى ئېيتىپ زورىخانىنىڭ ئوينىغان ئويۇنلىرىنى يالىڭاچلاپ ئېچىپ بەرگەن بولسىمۇ، شۇ كۈندىن باشلاپ جۈرئەتنىڭ يۈرىكىدە غۇۋا بىر داغ ساقلىنىپ قالغانىدى.

# 6 ـ باب

بۈگۈن بۇ ئۆچلا ئادىمى بار كىچىككىنە ئۆي ئالەمچە شاتلىققا چۆمگەنىدى. جۈرئەتنىڭ ئېمتىھاندىن ئۆتىشى بىلەن نائىلەنىڭ بويىدا قالغانلىقى بۇ ئائىلىگە زور خۇشاللىقلارنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئايىمخانىمۇ بۇ خۇشاللىقتا ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي قىزىل رەڭلىك شـارپا، ناۋاترەڭ كۆزلۈك پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ، بۇ كىيىملەر بىلەن ئۇ ياشـــلىقىغا قايتىپ قالغاندەك چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. لىكىن كىچىككىنە ئىش ‹‹جۈرئەتنىڭ خىزمىتىنىڭ يېزىدا بولۇپ قىلىشـــى ›› ئۇنى سـەل بىئارام قىلىپ قويغان بولسـىمۇ، ‹‹ كىينچە يول مېڭىپ يۆتكىۋالارمەن ›› دەپ ئۆز كۆڭلىنى توق تۇتۇشقا تىرىشىۋاتاتتى.

ئەتتىگەنلىك ناشـتىنىڭ قاچا ـ قۇچىلىرىنى يىغىشـــتۇرۇپ، ئۆيلەرنى تازىلاپ **بولغان** نائىلە مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ قېيىنئانىسـنىڭ چىرايلىق ياسـىنىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ سـەل ھەيران قالدى. ‹‹ بۈگۈن بىر يەرگە بارىدىغانغا دىيىشىپ قويمىغانتۇققۇ، ئانام ئەتتىگەندىلا بىر يەرگە بارىدىغاندەك كىيىنىۋاپتۇ ›› نائىلە شۇنداق ئويلىغاچ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دىدى ـ :

ـ  ئانا، مۇبارەك بولسۇن. كىيىملىرى بەك چىرايلىق يارىشىپتۇ.

ـ  رەھمەت قىزىم. بۈگۈن بىز ئۆچۈن ئەڭ خۇشـاللىنارلىق بىر كۈن. شـۇڭا بۇ كۈننى ئەسـتە قالغۇدەك قىلىپ تەبرىكلەپ قويايلى. تىزراق كىيىنىپ چىقمىڭ. جۈرئەت ھېلىلا قايتىپ كىرىمەن دەپ تېلفۇن قىپتۇ. بىز تەييار بولۇپ تۇرايلى.

ئايىمخانىنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەنىدى. ئۇ بۇ ئىغىزى يۇم شاق، ئىشچان كىلىنىگە زوقلىنىپ قارىدى. ‹‹ خۇدايىم مۇشـــۇ پەرزەنتلىرىمنى ئىككىلى دۇنيادا ئەزىز قىلغايلا ›› دەپ دۇئا قىلدى ئىچىدە پىچىرلاپ.

نائىلە كىيىملىرىنى كىيىپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقىشى ئىشىك چېكىلدى .

ـ جۇرئەت قايتىپ كەلگەن چىغى، مەن ئاچاي.

نائىلە شـــۇنداق دەپلا بىرىپ ئىشـــىكنى ئاچتى. ئۇنىڭ داۋاملىق كۈلكە ئوينىاپ تۇرىدىغان گۈزەل چىھرى ئىشىكنى ئېچىشىغلا ئاسماننى قارا بۇلۇپ قاپلىغاندەك بىراقلا تۇتۇلدى. ئىشىك ئالدىدا يوغان دا ستىخاننى كۆتۈرۈپ ھاسىراپ كەتكەن زورىخان زورىغا ھجىيىپ قاراپ تۇراتتى. نائىلە ئامالسىز زورىخاننى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلدى.

ـ كەلسىلە ھامما، قېنى ئىچكىرى ئۆيگە.

نائىلە زورىخاننى مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ قويۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ پەتنۇسقا تاتلىق تۇرۇملەرنى راسـتلاپ ئىلىپ چىققان ۋاقتىدا زورىخان ئىلىپ كەلگەن داسـتىخىننى ئىچىپ بىر ـ بىرلەپ ئايىمخاننىڭ ئالدىغا قويىۋاتاتتى.

ـ ئايىم ئاچا، جۇرئەتجاننىڭ تويىدا پەزىلەت ئىشقا ئورۇنلىشالماي يۈرگەن چاغلار بولغاچقا سەل قولۇم قىسقا بولۇپ قالغانىدى. تۈنۈگۈن پەزىلەتتىن جۇرئەتجان بالامنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلاشقانلىقى ھەمدە نائىلە قىزىمنىڭ بويىدا بارلىق خۇشـــخەۋىرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشـــال بولۇپ كەتتىم. كىچىدە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئەتتىگەندىلا داســتىخان تەييارلاپ يىنىڭلارغا كەلدىم. بۈگۈن ســلەرنى ‹‹ســۇلتان رېســتورانى›› دا مېھمان قىلىۋالاي دەپ ئۆزۈم چاقىرىپ كىلىشىم .

زورىخاننىڭ شـۇملۇق يىغىپ تۇرغان تەلەتكە قارىغان نائىلە ســەســكىنىپ كەتتى. كۆڭلى بىرەر شـۇملۇقنى سەزگەندەك بىئارام بولۇپ كىتىۋاتاتتى. ‹‹ئۆتكەن قېتىم ئۇستىلىق بىلەن ئويۇن ئوينىدىڭ. ئەمدى بۈگۈن يەنە نېمە شـۇملۇقلارنى پىلانلىغانســەن›› نائىلەنىڭ پۈتۈن ئەزايى جاقىلداپ تىترەۋاتاتتى. ئۇ زورىخاندىن قورقۇپ قالغانىدى. ئۆتكەن قېتىم قاراپ تۇرۇپ يالغان ـ ياۋىداق گەپلىرىگە جۇرئەتنى ئىشـــەندۈرگەن بۇ خوتۇن نائىلەنىڭ كۆزىگە ئالۋاستى بولۇپ كۆرۈنىۋاتاتتى .

ـ ئايىمخان ئاچا، جۇرۇڭ بىز ئالدىن بىرىپ ئورۇن ئالغاچ تۇرايلى. جۇرئەتجان بالام كەلســـە نائىلەقىز ئىككىسى بىللە بارسۇن.

زورىخان شـــۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىمخاننىڭ ئالدىغا بىرىپ ئۇنى يۆلەشـــتۈردى. نائىلە ئالدىراپ قالغانىدى. ئۇ زورىخاننىڭ يەنە نېمە شـۇملۇقلارنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلمىســمۇ، لىكىن قېيىنئانىســىدىن ئايرىلماي تۇرسىلا بىخەتەر بولالايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ـ ياق، ئانا مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە باراي. جۇرئەتكە تېلىفۇن قىلىۋەتسەك ئۇ شۇ يەرگىلا بارسا بولمىدىمۇ.

- ۋاي قىزىم، جۇرئەتجان بالام كەلسە كىيىم ئالماشتۇرىدۇ. ئۇ يېزىغا چىقىپ كىرگۈچە توپا-چاڭغا مىلىنىپ كەتكەندۇ بەلكىم. يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇپ بارمىسا، ھېلىلا گۆردىن چىققان ئادەمدەك بولۇپ بارامدۇ ئۇ يەرگە.

زورىخاننىڭ گەپلىرىدىن نائىلە تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. قېيىنئانىسى بولسا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ تۇرۇپ-:

- شۇنداق قىلىڭ قىزىم. جۇرئەتجان بالام ئەتتىگەندە ماڭغاندا ئاچقۇچىنى ئۆيدە ئۇنتۇلۇپ قاپتىكەن. سىز ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇرۇپ بىللە بېرىڭلار.

ئايىمخان بىلەن زورىخان بىر-بىرىنى يۆلەشكىنىچە ئىشىكتىن چىقىپ كىتىشتى. ئۇلار ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تاكسى توسۇپ ئولتۇرۇپ تەرەپكە كىتىشى بىلەن سول تەرەپتىن توكسىكىلىتىنىڭ ئارقىسىغا پەزىلەتنى مىنگەشتۈرگەن جۇرئەت كىلىۋاتاتتى.

نائىلە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ دا ستىخاننى يىغىشتۇرۇشقىمۇ رايى بارمايلا ئولتۇرۇپ قالدى.

- پەزىلەت جۇرئەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشقانلىقىنى، مېنىڭ بويۇمدا قالغانلىقىنى قانداق بىلگەندۇ؟ بۇ خەۋەر ئەجەپ تېزلا زورىخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بوپتۇ...

ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ ئولتۇرغان نائىلە ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ جىرىڭلىشىدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشكەندى. «جۇرئەت قايتىپ كەلسىلا ھېچ ئىش بولمايدۇ» دەپ كۆڭلىنى توق تۇتۇپ ئىشىكنى ئاچقان نائىلە قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى. ئىشىك ئالدىدا كىيىۋالغان دوپپا، كاستيۇملىرى ۋە چىرايلىق ياستىلغان قاپقارا بۇرۇتى كىلىشكەن قەددى-قامىتىگە ماس كەلگەن كىرىم ھەجىيىپ تۇراتتى.

- نىمە؟ ئۆيۈڭلارغا مېھمان كەلسە ئىشىكتىنمۇ كىرگۈزمەيدىغان قائىدەڭلار بارمۇ سىلەرنىڭ؟ ئۆيگە تەكلىپمۇ قىلمايسىزغۇ.....

كېرىم نائىلەنىڭ جاۋابىنىمۇ كۈتمەستىن ئۇنىڭغا سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆيگە كىردى. ھەممىدە بېرىپ داستىخاندىكى نازۇ-نېمەتلەرنى خالىغانچە يېيىشكە باشلىدى. نائىلە داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق «يۈزى قېلىن» ئادەمنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئىشكتە ھەيرانلىقتىن چەكچىيىپ، كۆزلىرى جامدەك بولۇپ قالغان نائىلەنى كۆرگەن كېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ كۈلۈمسىرىگەچ كىلىپ ئىشكنى يېپىۋەتتى .

- كىلىڭە جېنىم، بىردەم ئولتۇرىمىز. ھېلىمۇ نەچچە ۋاقتتىن بىرى سىزنى سىغىنىپ ئۆلەي دىدىم.

كېرىم نائىلەنىڭ قولىنى سورىگەندىلا نائىلە ئىسىگە كەلگەندەك بولۇپ ۋارقىرىدى.

ـ يوقال ئىپلاس، ماڭا نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن؟ مەن ساڭا نېمە يامانلىق قىلغان ؟

ـ ئاچچىقلانماڭ. گۈزەلنىڭ ئۆزىمۇ گۈزەل، سۆزىمۇ گۈزەل دەپ، ئاچچىقلانسىڭىز تېخىمۇ ئوماق بولۇپ كېتىدىكەنسىز.

كېرىم شۇنداق دېگەچ كېلىپ نائىلەنى قۇچاقلىۋالدى. نائىلە ۋارقىراپ، تىركىشىپ تۇرغان مۇشۇ پەيتتە ئىشىك ئېچىلىپ پەزىلەتنى يۆلىۋالغان جۈرئەت ئىشىكتە پەيدا بولدى.

جۈرئەتنىڭ چوڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭەيدى. كۆز جىيەكلىرى قىزىرىپ كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتكەنىدى. كېرىمنىڭ نائىلەنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرى ھاۋادا لەيلەپ قالدى. نائىلە يۇلقۇنۇپ كېلىپلا جۈرئەتكە چىڭ چاپلىشىۋالدى. ئۇ قورقۇپ كەتكىنىدىن لاغىلداپ تىترەيتتى. چىشلىرى كاسىلداپ ئېغىزى گەپكىمۇ كەلمەيۋاتاتتى.

ـ ئۇ....ئۇ......ھاي....ۋان....

جۈرئەتنىڭ مېڭە سىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئاق-قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا كېلىپ نائىلەنى بىر نەچچىنى ئۇرۇپ يىقىتىپ قويغاندىن كېيىن كېرىم ئىككىسى بىر ھازا پومداقلىشىپ كەتتى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن پەزىلەت غىپپىدە تىكىۋەتتى. ئۇ سىرتقا چىقىپلا تېلېفوننى قولىغا ئالدى.

ـ ۋەي ئانا، ئىشلار بىز ئورۇنلاشتۇرغاندەكلا پۈتتى. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپلا پۇتۇمنى يالغاندىن قايرىۋالغان بولۇپ ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالغانتىم. ئىشىكتىن كىرسەك كېرىم ئۆيدە بار ئىكەن.....

ـ ھە، ئۇقتۇم.

ھە راس، كېرىم ئىككىسى بەك تۇتىشىپ كەتتى. بىرەر ئىش چىقىپ قالمىسۇن يەنە. ئايىمخاچامنى بىر نەرسىلەرنى دەپ ئۆيىگە يولغا سېلىۋەت.

پەزىلەت جەڭدە غەلىبە قىلغان كوماندىردەك كۆكرىكىنى تىك تۇتقىنىچە قورودىن ناھايىتى تېزلىكتە چىقىپ كەتتى.

ئايىمخان ئۆيىگە كەلگەندە يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان نائىلە ئاللىقاچان ھوشىدىن كەتكەن. ئۆيدە جۈرئەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن ئايىمخان دەرھال قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنى چاقىرىپ تېلېفون ئۇرغاندىن كېيىن كېلىپ نائىلەنىڭ بەشىنى يۆلەشتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئازراق سۇ ئىچۈردى. نائىلەنىڭ ئاستا-ئاستا ھوشىغا كەلگىنىنى كۆرگەن ئايىمخان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئازراق خاتىرجەم بولدى. بۇ ۋاقىتتا قۇتقۇزۇش ماشىنىسىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئائىلىلىكلەر قوروسىنى بىر ئالغانىدى.

داۋامى بار....

# يانغىن ئېلكىتابلىرى


## ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: يانغىن ئېلكىتاب گۇرۇپپىسى

ئېلكىتاب ئىشلەشكە قاتناشقۇچىلار: يانغىن ، پۇسات ، ناز پەرى



www.yanghin.cn    www.yanghin.net

admin@yanghin.net    kitab@yanghin.net